## 224770 ـ مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئولتۇراق ئۆي، ماشىنا قاتارلىق ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان نەرسىلىرىگىمۇ زاكات كىلەمدۇ؟

**سۇئال**

مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئولتۇراق ئۆي، ماشىنا قاتارلىق ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان شەخسى نەرسىلىرىگىمۇ زاكات كىلەمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**ئىخچام جاۋاپ**

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى: "مۇسۇلماننىڭ تىجارەتنى مەقسەت قىلماستىن ئۆزى مەنپەئەتلىنىدىغان ئالتۇن-كۈمۈش ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نەخ پۇلدىن باشقا بارلىق مال-دۇنيالىرىغا زاكات كەلمەيدۇ".

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئۆلىمالار مال-مۈلۈكنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە ئايرىدى:

بىرىنچى: ئالتۇن-كۈمۈش ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان قەغەز پۇللار.

بۇ تۈردە نەخپۇل ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا تۇرىدىغان نەرسىلەر شەرئى ئۆلچەمگە يىتىپ، بىر يىل ئۆتسە، ئۇنىڭدا 2.5% دىن زاكات بېرىش پەرز بولىدۇ.

ئىككىنچى: مال-دۇنيا، يەنى ئىنسان نەخ پۇلنىڭ غەيرىدە ئىگە بولغان يەر-زېمىن، ئۆي-جاي، ماشىنا قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇشتا كېرەكلىك بولىدىغان بۇيۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىمام نەۋەۋي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "لۇغەت ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا (ئەلئەرد) دىگەنسۆز (ئەيىننى زەبەر، رانى ساكىن ئوقۇغاندا) ئالتۇن-كۈمۈش ۋە ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نەخ پۇلدىن باشقا مال-دۇنيانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمما (ئەيىننى زەبەر ۋە رەنىمۇ زەبەر ئوقۇغاندا ئالتۇن-كۈمۈش ۋە باشقا بارلىق مال-دۇنيانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ". [ئەلپاز ئەتتەنبىھ ناملىق ئەسەر 114-بەت. ئەلئەزھەرىينىڭ ئەززاھىر فى غەرىب ئەلفاز ئەششاپىئىي ناملىق ئەسىرىنىڭ 108-بېتىگە قارالسۇن].

ئىنسان ئىگە بولغان يەر-زېمىن، چارۋاماللار، ئۆي سايمانلىرى، كىيىم-كېچەك، كىتاپ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەب تىلىدا (ئەرد ياكى ئۇرۇد) دېيىلىدۇ، بۇ تۆردىكى ماللارغا زاكات كەلمەيدۇ ئەمما ئۇنىڭدا تىجارەتنى مەقسەت قىلسا زاكات كېلىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى تىجارەتنى مەقسەت قىلىپ توپلىغان مال-دۇنيالىرى بولسا يەر-زېمىن بولسۇن ياكى چارۋا ماللار بولسۇن، كىگىز-گىلەملەر بولسۇن ياكى توك سايمانلىرى، ماشىنا سايمانلىرى، كىتاب ماتېرىياللىرى، يېمەك-ئىچمەك، ئۇن، ماي، گۈرۈچ قاتارلىق ئاشلىق مەھسۇلاتلىرى، كىيىم-كېچەك، رەخ، توقۇلمىلىرى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ماشىنا ئېلىپ سېتىش تىجارىتى قاتارلىق نەرسىلەردە زاكات پەرز بولىدۇ.

ئەمما تىجارەتنى مەقسەت قىلمىغان مال-دۇنيالىرى بولسا يەنى ئۆزى ئىشلىتىدىغان ياكى ئائىلىسىدىكىلەر ئىشلىتىدىغان كىيىم-كېچەك، زىلچا-گىلەم، ماشىنا، ھارۋا، تۇرالغۇ ئۆي ياكى ئىجارىسىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىجارىگە بەرگەن ئۆي-زېمىن، كىراغا سېلىۋاتقان ماشىنا قاتارلىق نەرسىلەر بولسا بۇنىڭ مىقدارى قانچىلىك بولسۇن بارلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا بۇ تۆردىكى مال-دۇنياغا زاكات كەلمەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى: ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە،
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: مۇسۇلماننىڭ مىنىدىغان ئىتى ۋە خىزمەتچىسىنىڭ قىممىتىگە زاكات كەلمەيدۇ، دېگەن. [بۇخارى رىۋايىتى 1463-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 982-ھەدىس].

ئىبنى مۇلەققىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ھەدىس مۇسۇلماننىڭ تىجارەتنى مەقسەت قىلماستىن ئۆزى پايدىلىنىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە زاكات كەلمەيدىغانلىقىدىكى ئەسلى قائىدەدۇر". [ئەتتەۋدىھ شەرھى جامىئۇس سەھىھ ناملىق ئەسەر 10-توم 448-بەت].

ئىبنى ئابدۇلبەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پىقھى ھۆكۈمدە: مىنىدىغان ئات ۋە ئىش قىلىدىغان خىزمەتچىگە زاكات كەلمەيدۇ، ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا: ئالتۇن-كۈمۈش ياكى ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان پۇلدىن باشقا كىيىم-كېچەك، زىلچا-گىلەم، ئائىلە سايمانلىرى، دىخانچىلىق سايمانلىرى، ئۈنچە-مارجان، ئۆي-زېمىن، ئېشەك-خېچىر قاتارلىق نەرسىلەر خىزمەتچى بىلەن ئاتنىڭ ھۆكمىگە قىياس قىلىنىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ كۆزقارىشىدا يۇقىرىقى نەرسىلەردە تىجارەتنى مەقسەت قىلمىسىلا زاكات كەلمەيدۇ." [ئەتتەمھىيد ناملىق ئەسەر 17-توم 125-بەت].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىس مۇسۇلماننىڭ ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان نەرسىلىرىگە تىجارەتنى مەقسەت قىلمىسىلا زاكات كەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئاساسلىق قائىدىدۇر. ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى

بارلىق ئۆلىمالارمۇ شۇنداق دېگەن". [مۇسلىمنىڭ شەرھىسى 7-توم 55-بەت].

ئىمام ئىبنى ھەزمى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئۆلىمالارنىڭ بىرلىكى بويىچە مۇسۇلماننىڭ تىجارەتنى مەقسەت قىلماستىن ئۆزى ئىشلىتىدىغان: ئۈنچە-مارجان، لەلى-ياقۇت، قاچا-قۇچا، قازان-قومۇچ، كىيىم-كېچەك، قوغۇشۇن ياكى تۆمۈر، تۇچ قاچا قاتارلىق مال-دۇنيالىرىغا زاكات كەلمەيدۇ". [ئەل مۇھەللا بىلئاسارناملىق ئەسەر 4-توم 13-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.